# مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «2019 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىرىك پىلانى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى يېقىندا «2019 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىرىك پىلانى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«يىرىك پىلان»دا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2019 - يىلدىن باشلاپ، بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىق، قاتلاملىق، يۇقىرى سۈپەتلىك قانات يايدۇرۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەپ، تۆۋەندىكى خىزمەت نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

— شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى تېخىمۇ پۇختا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى كالللىغا، قەلبكە تېخىمۇ سىڭدۈرۈش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يېڭى ئىدىيەنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋرگە ماسلىشىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

— تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى غايە - ئېتىقادنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، پارتىيەۋىلىك قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىدار - ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىنتىزام - ئىستىلىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئاۋانگارتلىق - نەمۇنىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

— يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، مەركەزلىك تەربىيەلەشنى تەدرىجىي نورمال ھالەتكە يۈزلەندۈرۈپ، كۈندىلىك تەربىيەلەشنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەش بىلەن باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمەت زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باغۋەنلەرنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىپ بېيىش ئىشەنچىنى ئاشۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، ئانا تۇپراق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى جەمئىي 1080 مو يەردە ياڭاق ئۆستۈرۈپ، 190 تونىنا ياڭاق يىغىۋالدى. ھەمكارلىق كوپىراتىپى مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دېھقان ئائىلىلىرى ئۆستۈرگەن ياڭاقنى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، بىرتۇتاش ئوغۇتلاپ، بىرتۇتاش تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ياڭاقنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، ھوسۇلى ئاز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

چاقىلىق ناھىيەسى تىكەنلىك بازىرى دۆڭتاتىراڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خې يۈگومۇ بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىشتىن نەپ ئالغۇچى. بۇ يىل ئۇ 11 مو يەردە چىلان ئۆستۈرۈپ، 8.16 تونىنا چىلان يىغىۋالدى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھەر كىلوگرامىنى 8.5 يۈەندىن ساتتى، ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى بۇلتۇرقىدىكىدىن بىر يۈەندىن 1.5 يۈەنگىچە يۇقىرى بولدى.

«بۇ يىل چىلاننىڭ سېتىش بازار باھاسى بىرقەدەر مۇقىم بولدى، مېۋىچىلىك گۇرۇھى مالنى ئالغان ھامانلا پۇل بەردى. دېھقانلارنىڭ مال پۇلىنى نېسى قالدۇرمىدى» دېدى خې يۈگو.

بۇ يىل پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ غېنىۇلاسىنىڭ باھاسى ئانچە مۇقىم بولمىدى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئون سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلدى. «بىز باشتىن - ئاخىر بازارنىڭ دەسلەپكى باھاسى بويىچە ھەر كىلوگرامىنى 22.5 يۈەندىن سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غېنىۇلانىڭ باھا تۆۋەنلەش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، دېھقانلارنىڭ غېنىۇلاسىنى سېتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدۇق» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى فۇ يەنجياڭ.

بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىشنىڭ پايدىسىدا، بۇ يىل شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى مۇقىم بولدى. «بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باغۋەنلەرنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ئۇلارنى سېتىش يولىدىن غەم قىلدۇرمىدى، يەنە سېتىۋېلىش سودىگەرلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى خاتىرجەم سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ۋاڭ جۈن.

### ■ سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈشى رىقابەت باھاسىنى يېتەرلىك ئىلگىرى سۈردى

بۇ يىل، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قارىمىقىدىكى يەتتە بالا شىركەتكە 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىپ، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. «زاپاس مەبلەغ يېتەرلىك بولغاچقا، بىز ‹پۇل مېۋىنى ساقلاش›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باغۋەنلەرنىڭ ‹مېۋىنى سېتىپلا پۇلنى قولغا ئېلىش›ىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى جيې.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمى لايىھەسى بويىچە، خاس باغۋەنچىلىكتە شۇ يەرنىڭ 2018 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە باھاسىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆستۈرۈش تەننەرخى، ئۆستۈرۈش پايدىسى، مۇددىئالىق سېتىش باھاسى ھەم سېتىش سودىگىرى، پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ مۇددىئالىق سېتىۋېلىش باھاسى قاتارلىق ئامىللارنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، بۇ يىللىق چىلان، ياڭاق، ئۆرۈكنىڭ سورتى ئايرىلغان، دەرىجىسى ئايرىلغان، رايونى ئايرىلغان بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باھاسى بېكىتىلدى.

بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىنغان باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولغاندا، دەرھال بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمى قوزغىتىلىپ، پىلانلىق ھالدا رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، سورتقا ئايرىپ، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىنغان مەھسۇلاتلار قوغدالما باھادا سېتىۋېلىنىپ، بازار كۆزلىمىسى مۇقىملاشتۇرۇلدى؛ بازار باھاسى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى بولغاندا، ۋاقتىدا بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمىدىن چېكىنىپ، بازارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

بۇ مېخانىزمغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بۇ يىل باغۋەنچىلىككە قارىتىلغان قەرز پۇلنى ئىككى تۈرگە ئايرىدى: بازارلاشقان سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ۋە بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلى. باغۋەنچىلىكتىكى بازارلاشتۇرۇپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلدا تولۇق سوممىلىق رەنگە قويۇپ كېپىل بولۇش شەكلى يولغا قويۇلدى، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلدا «ئىناۋەت+خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلى» شەكلى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، باغۋەنچىلىكتىكى بازارلاشتۇرۇپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن جەمئىي 500 مىليون يۈەن تەستىقلاندى، نۆۋەتتە 100 مىليون يۈەن تارقىتىلدى؛ بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلدىن 1 مىليارد 850 مىليون يۈەن تەستىقلاندى، نۆۋەتتە 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن تارقىتىلدى.

«تۈزۈم لايىھەسى بويىچە، كارخانىلار پەقەت بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمىنى قوزغاتقاندىن كېيىن، ئاندىن بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ئىشلىتەلەيدۇ. ئەمما بىز كارخانىلارنىڭ بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلدۇق، بۇ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنىڭ بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەت باھاسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، مېۋە مەھسۇلات باھاسىنىڭ مۇقىم، ساغلام بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ‹مېۋە ئەرزان بولۇپ، دېھقانلارغا زىيان يېتىش› ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر» دېدى ۋاڭ جۈن.

### ■ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى

كىرىپدىت خەۋپ - خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى باغۋەنچىلىك بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش خەۋپ - خەتىرى كاپالەت پۇلى تۈزۈمى ئورناتتى.

«مۆلچەرىي ھېسابلىشىمىزغا ئاساسلانغاندا، بىر رايوندىكى باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىنىشى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 20%دىن 30%گىچە يەتسە بازار باھاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىكەن. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى بىرلىك قىلىپ، بىز شۇ يەرنىڭ باغۋەنچىلىك بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنى مۆلچەرىي ھېسابلاپ چىقالايمىز. ئاندىن ھۆكۈمەت 60% ۋە كارخانا 40%لىك نىسبەت بويىچە خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلى ساقلايمىز» دېدى ۋاڭ جۈن.

ئالاقىدار تەلەپكە ئاساسەن، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىدە ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئوخشاش مەزگىل، ئوخشاش دەرىجىدىكى ئۆلچەملىك ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىدۇ. مۇددىتى توشۇپ يىغىۋېلىنمىغان قەرز پۇل خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلدىن ۋاكالىتەن تۆلىنىشكە قارىتا، ئاۋۋال كارخانىلار تاپشۇرغان خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلى ئىشلىتىلىدۇ، يەتمىگەن قىسمى ھۆكۈمەت خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلدىن تاپشۇرۇشقا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرز پۇلنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈم سوممىسىنىڭ 80%ى بويىچە ۋاكالىتەن تۆلىنىدۇ، قالغان قىسمىنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈستىگە ئالىدۇ.

«خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلى تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ قەرز پۇل بېرىشتىكى ئەندىشىمىزنى تۈگەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى كېپىلگە ئىگە بولماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان قەرز پۇل نورمىسىنىڭ سېتىۋېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقدەك قىيىن مەسىلە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.» ۋاڭ جۈن مۇنداق دېدى: بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش خەۋپ - خەتىرى كاپالەت پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ نەقلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەرز پۇل مەبلىغى نەقلەشكەن نورما بويىچە تۈركۈم - قېتىمغا بۆلۈپ تارقىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ خەۋپ - خەتەر كاپالەت پۇلىنىڭ بىر قېتىمدىلا نەقلىشىش قىيىن بولۇشى ھەل قىلىندى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ‹بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش+زاكاز+سۇغۇرتا+قەرەللىك مال›دىن ئىبارەت كۆپ مەنبەلىك پۇل مۇئامىلە مەدەتتى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بازار خەۋپ - خەتىرىنى يەنىمۇ تۆگىتىپ، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمىنىڭ مۇقىم، ساغلام يۈرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بانكا باشلىقى دۇ يەنكۈن.

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

## ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2003 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك».

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، پارتىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ بۇ ئىدىيەنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن، 2004 - يىلى 2 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» مەخسۇس تېمىسىدا تەتقىقات كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. 2004 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، مەركەز نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، خۇ جىنتاۋ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئاساسىي تەلپىنى يەنىمۇ شەرھلەپ، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش، ماس تەرەققىي قىلىش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2007 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 17 - قۇرۇلتىيىدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى ۋە تۈپ تەلپى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق يىغىنچاقلاندى. دوكلاتتا مۇنداق كۆرستىلدى: «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ بىرىنچى مۇھىم مەزمۇنى تەرەققىيات، يادروسى ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئاساسىي تەلپى ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش، تۈپ ئۇسۇلى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش.» يىغىندا يەنە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى. 2012 - يىلى 11 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 18 - قۇرۇلتىيىدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى پارتىيە چوقۇم ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ بېكىتىلدى.

يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىش قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى پارتىيەمىزنىڭ 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىي تەجرىبىسىنى ئىلمىي يەكۈنلىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىگە بولغان يېڭى تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئومۇميۈزلۈك ھالللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ تەخىرسىز تەلپىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ بىر قېتىملىق مۇھىم يۈكسىلىشى بولۇپ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

## سۇ تەيدې: قورالىق زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇشتا، ئوق ئۆتمەس كىيىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ يەن)** 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى سۇ تەيدې يۈننەن ئۆلكىسى ۋېنشەن جۇاڭزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ماگۇەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدچىكى. ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان سۇ تەيدې ياۋۇز، ھىيلىگەر قورالىق زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇشتا، ئوق ئۆتمەس كىيىمنى ياش يولداشقا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى زەھەر ئەتكەسچىلىرى بىلەن ئېتىشىۋاتقاندا بەختكە قارشى بېشىغا ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىككى قىزى دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرەپ بىلەن خەلق ساقچىسى بولدى.

سۇ تەيدې 1955 - يىلى تۇغۇلغان، خەنزۇ، ماگۇەن ناھىيەسىدىن. ئۇ بىر ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، خەلق ئەسكىرى بولغان بوۋىسى ئازادلىق ئۇرۇشىدا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ باندىتلارنى يوقىتىشىغا ماسلىشىۋاتقان چاغدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇپ، ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ باھالاپ بېكىتىلگەن، ئۇ كىچىكىدىنلا بوۋىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن چوقۇم ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان.

1974 - يىلى، سۇ تەيدې ھەربىي سەپكە كىرگەن، 1979 - يىلى ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن ماگۇەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كېلىپ خىزمەت قىلغان. قىسمدا بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەچكە، ئۇ ھەمىشە خىزمەتنى قىلچە بىخەستەلىك قىلماي، ۋەزىپىنى مۇكەممەل ئورۇندايتتى. 1983 - يىلى 3 - ئايدا، مەبلەغ كۆپرەك سېلىنغان ماگۇەن ناھىيەلىك ئاق شېكەر زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، ناھىيە بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن، سۇ تەيدې جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىش ئورنىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ يۈك - تاقلىرىنى يۆدۈپ ئىش ئورنىغا كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ جايدا بىرەر قېتىممۇ دېلو ۋە ھادىسە يۈزبەرمىگەن. 1988 - يىلى 12 - ئايدا، بىر قېتىملىق قورال - ياراغ ئوغرىلىنىش دېلوسىدا، سۇ تەيدې خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە ئەتراپلىق تەھقىقلەش ئارقىلىق ئوغرىلانغان تاپانچىنى ئىزدەپ تاپقان. بەزىلەر ئۇنىڭغا «تاپانچىنى تاپقاندىكىن بولدى» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئادەم تۇتۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغان، ئاخىردا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يەتتە كېچە - كۈندۈز پىستىرمىدا تۇرۇپ، جىنايەت گۇماندارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتقان. ساقچى بولغاندىن كېيىن، ئۇ جەمئىي 100 نەچچە جىنايى ئىشلار دېلوسىنى بېجىرگەن، 300 نەچچە جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان.

1992 - يىلى 8 - ئايدا، يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، ساقچى تەرەپ يەنشەن ناھىيەسىنىڭ پىڭيۈەن رايونىدا «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان. 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سۇ تەيدې پىڭيۈەن رايونىغا بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان، ئۇ يۈك - تاقلىرىنى ئاددىيلا يىغىشتۇرۇپ خوتۇنىغا كاماندىروپكىغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ جايغا بېرىپ بۇيرۇق كۈتكەن. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، نەچچە مىڭ قورالىق ساقچى بىلەن ساقچى قاتناشقان. ئوق ئۆتمەس كىيىم ۋە پولات قالپاق يېتىشمەيدىغان بولۇپ، ئوق ئۆتمەس كىيىم ئېلىۋاتقان سۇ تەيدې تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوق ئۆتمەس كىيىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەسكەر بولغان، تەجرىبەم بار، بۇ جابدۇقلارنى يەنىلا ياش يولداشلارغا قالدۇراي!».

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سەھەر سائەت 6دىن ئاشقاندا، سۇ تەيدې سەپداشلىرى بىلەن جىنايەتچى ما XXنى تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان. بۇ جىنايەتچى ئىنتايىن ياۋۇز بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن، يەنە قورالىق زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئارا تام، لەخمە قاتارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولۇپ، ئەھۋال مۇرەككەپ ئىدى. سۇ تەيدې قاتارلىقلار ما XXنىڭ ئۆيىنى تېزلىكتە قورشىۋالغان ھەم ئۆيىنى ئاختۇرۇپ جىنايەتچىنى ئىزدەشكە باشلىغان. بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز تاتاتالاپ ئوق ئېتىلغان، بىر سەپدىشى ئوق تېگىپ يارىلانغان. سۇ تەيدې ئەھۋالنى كۆرۈپ كەسكىنلىك بىلەن ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، قاتىلنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىپ، باشقا يولداشلارنىڭ يارىلانغان سەپدىشىنى قۇتقۇزۇشىنى ھىمايە قىلغان. جەڭ 20 نەچچە مىنۇت داۋاملاشقان، يەنە بىر سەپدىشىمۇ بەختكە قارشى ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. قارشى تەرەپنىڭ ئاپتومات قاتارلىق ئوت كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى، كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەنمۇ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقنى كۆرۈپ، سۇ تەيدې ۋە سەپداشلىرى ھويلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پايدىلىق ئورۇننى تېپىپ جىنايەتچىگە ئوق چىقارغان، ئوق ئېتىلىپ تۈگىگەن، ئۇ گىراناتا ئېتىپ سەپداشلىرىنى ھىمايە قىلغان، بىراق ئۆزىنىڭ ئورنى ئاشكارىلىنىپ قالغان، ئاخىردا بەختكە قارشى بېشىغا بىر پاي ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ھازىر ماگۇەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جېڭۋېيلىقنى ئۆتەۋاتقان ياڭ جىبىنمۇ ئەينى يىلى پىڭيۈەن رايونىدىكى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىگە قاتناشقان. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: سۇ تەيدې ئەسلىدە ئەتراپتا ئاختۇرۇپ ئىسپات ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى، لېكىن ئۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى سەپداشلىرى بىلەن بىللە جەڭ قىلدى، بۇ خىل باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ماگۇەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى مابەي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى سۇ تەيدېنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىپ تۇردى.

سۇ تەيدې قۇربان بولغان چاغدا، ئىككى قىزىنىڭ بىرى سەككىز ياشتىن، بىرى ئالتە ياشتىن ئاشقانىدى. كىچىك قىزى سۇ پىڭيەن مۇنداق دېدى: ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىزدا، گەرچە بىزگە ھەمراھ بولىدىغان دادىمىز يوق بولسىمۇ، لېكىن مەن ۋە ئاچام دادام ھايات چاغدىكى بەختلىك چاغلارنى بىرلىكتە ئەسلەيمىز، بەزىدە دادام بىزنى ئېلىپ ئىدارىسىگە بارغان ئەھۋاللارنى ئەسلەپ تۇرىمىز، دادىمىز بىزگە بەرگەن بەختەرلىك تۇيغۇسىنى باشقىلار بېرەلمەيدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپلا ئاچا - سىڭىل ئىككىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر «ساقچىلىق رىشتى» پەيدا بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئاچا - سىڭىل ئىككىسى يۈننەن ساقچى - ئوفىتسېرلار شۆيۈەنىنى پۈتكۈزۈپ ساقچى بولدى ھەم ئىككىلىسى ساقچىغا ياتلىق بولۇپ، قوش ساقچى ئائىلىسىنى قۇردى. «مەن دادامنىڭ ئەينى يىللاردىكى تاللىشىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ساقچى دېگەن بۇ كەسىپ ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى سۇ پىڭيەن. بۈگۈنكى كۈندە، ۋېنشەن ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سۇ پىڭيەنمۇ ئەينى يىللاردىكى دادىسىغا ئوخشاش ئۆز خىزمەت ئورنىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجىباك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)